شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 7 - ئاي
26
جۈمە
维吾尔文 7月26日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى：CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى：1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى：xjrbdzb@xjdaily.com 24768 - سان بۈگۈن 4 بەت

ئەسلىي مەقسەت - بۇرچ ئەستە چىڭ ساقلاندى «تۆت جايىدا بولۇش» پۇختا تۇتۇلدى

— ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولغاندىكى ھەم «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغاندىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى

□ مۇخبىرىمىز جاڭ يۈنمېي

يېقىندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىچكى موڭغۇلغا بېرىپ تەكشۈرۈشتە بولغاندا ھەم «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا «تۆت جايىدا بولۇش»نى تۇتۇشقا دىققەت قىلىشى كېرەك. نەچچە كۈندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى 1 - تۈركۈمدە باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان تارماقلار، ئورۇنلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش»تىن ئىبارەت بۇ باش تەلەپنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

— يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە

«ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرگە كۆيۈنۈشىمىز كېرەك، ئۇلار يۇرتنى مۇھاپىزەت قىلىپ ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.»

2018 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە ئالايىتەن ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى، ئۇلاردىن ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بىر ئېغىز سالام گەرچە ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئېكراندىن ھالقىپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بىپايان زېمىنغا تارقىلىپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەن مىليونلىغان ھەربىينىڭ ئىسسىق قانلىرىنى ئۇرغۇتتى: باش شۇجى بىزنى ياد ئېتىدىكەن، بىزنىڭ غېمىمىزنى يەيدىكەن!

□ مېي شىشيۇڭ، لۇ شياۋلىن، جوۋ يەنخۇڭ

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمىتى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

■ ھەربىر ئىشنى ئېسىدە مەھكەم تۇتۇش، ھەربىر شاخ، ھەربىر يوپۇرماققىمۇ مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش

— «مەنمۇ بىر ئارمىيەدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىر»

بىر خىل سالاھىيەت بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇلمايدۇ، بىر خىل رىشتە ئەزەلدىن ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ.

6 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ئارمىيەدىن كەسىپ ئالماشتۇرغانلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ھەم 2014 - يىللىق ئارمىيەدىن كەسىپ ئالماشتۇرغانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنىنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «كۆپچىلىكنى كۆرۈپ ناھايىتى يېقىملىق ھېس قىلدىم، چۈنكى مەنمۇ بىر ئارمىيەدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىر».

ئىللىق سۆز، چوڭقۇر كۆيۈنۈشكە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرگە بولغان چوڭقۇر ھېسسىياتى مۇجەسسەملەنگەندى.

دۆلىتىمىزدە ھازىر نەچچە ئون مىليون ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىي بار، ئۇلار جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم كۈچ. ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا، تۈركۈم - تۈركۈملىگەن ھەربىيلەر يەرلىككە بېرىپ خىزمەت قىلىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ نەتىجە ياراتتى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، زور تۈركۈمدىكى ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىي يەرلىككە بېرىپ خىزمەت قىلىپ، ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. يېڭى تارىخىي مەزگىلدە، كەڭ ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ دەۋر ئەزىمەتلىرىگە ئايلىنىپ، كىشىنى پەخىرلەندۈرىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ: «ئارمىيەدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقى، بىز ھەسسىلەپ كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، ھەسسىلەپ ئاسرىشىمىز كېرەك» دەپ تەكىتلىدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدا زىيارەت

ناھىيەلەرگە يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تۇتاشتۇرۇش، يېزىلارغا ئاسفالت يول تۇتاشتۇرۇش، كەنتلەرگە قاتتىقلاشتۇرۇلغان يول تۇتاشتۇرۇش

ئىلى بىر يېرىم سائەتلىك ئىقتىساد چەمبىرىكى بەرپا قىلدى

گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى **بەي جيېۋ، جەزىرە نىسىپەك، جاۋ شيا، زوۋ يى** خەۋەر قىلىدۇ: «13 - بەش يىل»نىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ئىلى تىرىشىپ ناھىيەلەرگە يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تۇتاشتۇرۇش، يېزىلارغا ئاسفالت يول تۇتاشتۇرۇش، كەنتلەرگە قاتتىقلاشتۇرۇلغان يول تۇتاشتۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، شۇ چاغدا، غۇلجىدىن سەككىز ناھىيە، ئىككى شەھەرگىچە بولغان بىر يېرىم سائەتلىك ئىقتىساد چەمبىرىكى ھەقىقىي شەكىللەندۈرۈلىدۇ» دېدى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى خې پىڭ تونۇشتۇرۇپ.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، G218 لىنىيەسىنىڭ دۆڭمازاردىن ناراتقىچە بولغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تۈرىدىكى زىكتىدىن تۈرگۈنگىچە بولغان بۆلىكىدە، مۇخبىرلار يول يۈزىنى ياتقۇزۇش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن تاماملانغانلىقىنى، قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ قاتناش بىخەتەرلىكى ئەسلىھەلىرىنى ئورنىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. 2016 - يىلى ئىش باشلاپ قۇرۇلۇۋاتقان G218 لىنىيەسىنىڭ دۆڭمازاردىن ناراتقىچە بولغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تۈرى ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - ترانسپورت نازارىتىنىڭ يىرىك پىلاندىكى شىنجاڭنىڭ «بەش توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان، يەتتە ۋېرتىكال» يۇقىرى سۈرئەتلىك يول، يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيول تورىدىكى «بەشىنچى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان» مۇھىم تەركىبىي يول بۆلىكى، باشلىنىش نۇقتىسى غۇلجا ناھىيەسى تەۋەلىكىدىكى قاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، غۇلجا - دۆڭمازار يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى بىلەن ئۇچۇشلۇق تۇتاشتۇرۇلىدۇ، ئاخىرلىشىش نۇقتىسى كۈنەس نارات ئاراسان ئېغىزىغا جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 203 كىلومېتىر، جەمئىي 8 مىليارد 61 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، پۈتۈن لىنىيەدە بۇ يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا قاتناش باشلىنىشى مۆلچەرلەنمەكتە.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 11 - قېتىملىق يىغىنى ئېچىلدى

مۇخبىرىمىز **جاۋ جيېيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 11 - قېتىملىق يىغىنى ئېچىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن 52 كىشى يىغىنغا قاتناشتى، يىغىنغا قاتناشقانلار سانى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش نىزامى»، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش، باشقۇرۇش نىزامى» «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام چىقىرىش نىزامى» «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش چارىسى» «مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ ئەنئەنىۋى كەنتلەرنى قوغداش نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2018 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك نەق چوتىنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى، ئاپتونوم رايوننىڭ تېرىلغۇ يەرنى ئىگىلەش بېجىغا تەتبىقلىنىدىغان باج سوممىسى توغرىسىدىكى قارارى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى، كادىرلارنى تەيىنلەش - قالدۇرۇش ئىشلىرى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شەرقىي شىنجاڭ تەۋەلىك رايونىنىڭ «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى كەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى

مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن شەرقىي شىنجاڭ تەۋەلىك رايونىنىڭ «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى كەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى كەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى
يېڭى تاراتقۇلىرى سىپى

新疆头条 APP
微信公众号
新疆日报网
天山网 APP

چېن چۈەنگو سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمى ئارقىلىق مۇقىملىق، تەرەققىيات خىزمىتىگە پۇختا تۈرتكە بولۇش كېرەك

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي
بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. چېن چۈەنگو سانجى شەھىرىنىڭ ليۇگۇڭ بازىرى شى ۋۇگۇڭ كەنتىدە جالالىدىن ئۇرايىم ئائىلىسىدىكىلەرنى زىيارەت قىلىپ يوقلىدى، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى.

□ مۇخبىرىمىز سۈي جېجيەن فوتوسى

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

سانجى شەھىرىنىڭ ليۇگۇڭ بازىرى شى ۋۇگۇڭ كەنتىدە، چېن چۈەنگو جالالىدىن ئۇرايىم بىلەن لا چۈن ئىككى ئائىلىدىكىلەرنى زىيارەت قىلىپ يوقلىدى. چېن چۈەنگو دېھقان ھويلىسىغا كىرىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاما، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى ھەم شەھەر، بازارنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى بىلەن چۆرىدەشىپ ئولتۇرۇپ، يۈزتۇرا مۇڭداشتى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، ئاساسىي قاتلام ئاساسى، ئاممىۋى خىزمەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. چېن چۈەنگو ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، كۈنلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئۆتكۈزۈشكە رىغبەتلەندۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كەڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئاممىغا ئەڭ يېقىن، ئاممىغا ئەڭ بىۋاسىتە مۇلازىمەت قىلىدۇ، ئاممىنىڭ پىكرىنى ئەڭ كەڭ دائىرىدە ئاڭلايدۇ، ئەسلىي مەقسەت - بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئىشلىشى، ئەمەلىي ئىشلىشى ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە، چۈشىنىشىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشىشى كېرەك؛ جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەدىكىلەر ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلارنىڭ ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

ئەيسا مەمەتنىڭ ئارزۇ تىزىملىكى

□ مۇخبىرىمىز شىي خۇيبيەن

«مېۋە - چېۋىلەرنى ئەرزان ساتتىم، يېڭى كۆكتاتلارنى كۆرۈپ بېقىڭلار...» 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، قۇياش تېخى كۆتۈرۈلمىگەندە، تونۇلغان ئاۋاز ئاپتوموبىللارنىڭ دى - دىتلىغان ئاۋازىغا ئارىلىشىپ كەتتى، مارالبېشى ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى ئادەملەرنىڭ ئاۋازى بىلەن قايناپ كەتكەندى.

ئادەملەر ئېقىمى ئارىسىدا، بۇ ناھىيەنىڭ ئاناكۆل يېزىسى غولمەھەللە كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى ئەيسا مەمەت ئون نەچچە يەشىك مېۋە - چېۋە بېسىلغان ئۈچ چاقلىق توكسىكلىتنى ھەيدەپ، ئالدىراپ قايتقاندى. «ھەر كۈنى ئەتىگەندە، ئەيسا ھەممىدىن بۇرۇن كېلىپ بولىدۇ، كىرگۈزگەن مېلى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ، سودىسى بەك ياخشى.» يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىدىكى توپ سېتىش سودىگىرى خەن چاڭجېڭ ھاياجانلىنىپ مۇنداق دېدى: ئەيسا بىلەن تونۇشقىنىمغا ئون نەچچە يىل بولدى، ئۇنىڭ ھازىرقىدەك تىرىشچانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم.

■ كىچىك ئائىلىنى ياخشى باشقۇرۇش

مۇخبىر ئەيساغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى، ھويلىغا كىرىپلا ئىللىق بىر كۆرۈنۈشنى كۆردى. ئەيسانىڭ خوتۇنى ئاسىمگۈل سەمەت توكسىكلىتنىڭ يەشىككە قاچىلانغان مېۋە - چېۋىلەرنى چۈشۈرمەكچى بولغاندا، ئەيسا ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، يەشىكنى ئېلىۋېلىپ غودۇردى، قارىماققا ئۇ خوتۇنىنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئېغىر نەرسىنى كۆتۈرگەنلىكىدىن ئاغرىنغاندەك قىلاتتى.

يۈزلىرىدە بەخت جىلۋىلىنىپ تۇرغان ئاسىمگۈل بىر چەتتە تۇراتتى. «تەربىيەلەشنى پۈتكۈزۈپ قايتىپ كەلگەندىن بېرى، ئۇ كۆيۈمچان بولۇپ كەتتى.» ئاسىمگۈل سەل تارتىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى ئۇ بۇنداق ئەمەس ئىدى، قايتىپ كەلسىلا كاڭدا ئولتۇرۇۋېلىپ ھېچنېمە قىلمايتتى. بالا بىلەنمۇ كارى يوق ئىدى، مېنىڭ مودا كىيىملەرنى كىيىشىمگە رۇخسەت قىلمايتتى، گىرىم قىلغۇزمايتتى، پۇل خەجلەشتىمۇ ئۇنىڭ رايىغا باقاتتىم...» ئەيسادىكى ئۆزگىرىشلەرنى تىلغا ئالغاندا، ئاسىمگۈلنىڭ ئېيتىپ تۈگىتەلمەيدىغان گەپلىرى باردەك قىلاتتى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)